”ئەتىكى قوياش“ — ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى
دۆلەتنىڭ 11 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەر مەجمۇئەسى

## دەۋرىمىزدىكى ئەڭ بۈيۈك ئالىم

# ئېينىشتېين




مىللەتلەر نەشرىياتى

# دەۋرىمىزدىكى ئەڭ بۈيۈك ئالىم — ئېينىشتېين


قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر: سۈي لى شياڭ يۈن جۈن ۋاڭ
يەن فاڭ جاڭ پىڭ

رەسىمىنى سىزغۇچىلار: مياۋ ۋېي لۇ لېي ساۋ ئېرگاڭ
لىيۇ جىڭ خېجيې ساۋ چاڭشو
ياڭ خوڭ لۇ شياۋ ۋاڭ جىڭ
چى شىن لۇ جىنگې جاڭ يۈرۈڭ شياۋ مىڭ

بەت ياسىغۇچى: جىننشيۇ شېگيى






## قىسقىچە مەزمۇنى

«دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەر مەجمۇئەسى»— ئىلىم-پەن، سىياسىي، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ھەم ئۆز كەسپىدە ئاجايىپ نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەرنى تاللاپ تونۇشتۇرغان يۈرۈشلۈك، كۆڭۈلدىكىدەك بالىلار ئوقۇشلۇقى.

بۇ كىتابلاردا مۇشۇ شەخسلەرنىڭ پارلاق ئىش-ئىزلىرى ئۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئېگىلمەس-سۇنماس كۈرەش قىلىش روھى نامايان قىلىنغان. بۇ تەرجىمىھاللارنى ئوقۇساق بىزنى بىلىمگە، ئىلھامغا ئىگە قىلىدۇ، مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ سۈرەتلىرى نەپىس، تىلى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، ئوقۇشلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، كەڭ ئۆسمۈرلەرنىڭ ياخشى ئۇستازى ھەم يېقىن دوستى بولالايدۇ.



# ... ئېينشتېيننىڭ تەرجىمھالى ...

ئېينشتېين دەۋرىمىزدىكى ئۇلۇغ فىزىكىشۇناس. 1879 ـ يىلى ئەتىيازدا گېرمانىيىنىڭ ئۇرمۇ شەھىرىدە يەھۇدىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا تەبىئەت دۇنياسىدىكى سانسىز سىرلار ئۇستىدە ئىزدىنىشكە بەل باغلاپ، ئۇلۇغۋار ئىرادە تىكلىگەن. ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن پۈتۈن زېھنىنى ئۆگىنىشكە قارىتىپ، تۆت يىل جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزگەن. ئۇ فىزىكا تەتقىقاتىغا بەك كىرىشىپ كەتكەن، ھەتتا كېچە ـ كېچىلەپ ئىشلىگەن. 26 ياش ۋاقتىدا مەشھۇر «ھەرىكەتچان جىسىمدىكى ئېلېكترو دىنامىكا توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىنى ئاخىر پۈتتۈرۈپ، دەۋرىمىزدىكى فىزىكا ئىلمىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى — نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى ياراتقان. ئۇ يەنە نۇردىكى كۋانت ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم كۋانت نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ فوتو ئېلېكترىك ئېففېكت، رادىئاتسىيە جەريانى ۋە قاتتىق جىسىمدىكى سىلىشتۇرما ئىسسىقلىقنى چۈشەندۈرگەن، بىروۋن ھەرىكىتىنى شەرھلەش، كۋانت ستاتىستىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، كىشىلەرنىڭ ماددا ۋە ھەرىكەتكە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. ئېينشتېيننىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتى ئىلىم ـ پەن جەھەتتىن ياكى پەلسەپە جەھەتتىن بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . ئېينشتېين « ھازىرقى زامان فىزىكىسىنىڭ ئاتىسى» ، «20 ـ ئەسىردىكى نيۇتون » دېگەن ئاتاقلار بىلەن ئاتالغان ھەم 1921 ـ يىلى نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئېينشتېين ھەم دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدىغۇچى سادىق جەڭچى . 1 ـ ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇ گېرمانىيە مىلىتارىستلىرى ۋە گىتلېر فاشىستلىرىنىڭ زومىگەر ھۆكۈمرانلىقىغا غەزەپ بىلەن قارشى تۇرغان. بولۇپمۇ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىشكە قارشى تۇرۇش ۋە يادرو قۇراللىنى ئۇرۇشتا ئىشلىتىشكە قارشى تۇرۇشنى توختىماي مۇراجىئەت قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىك ئىشلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللىغان. شۇڭا ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بۇ ئۇلۇغ ئالىمنى چەكسىز ھۆرمەتلەيدۇ.

ئېينشتېين 1955 ـ يىلى قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن كېسەل بولۇپ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، جەسەت كۈلىنى زېمىنغا چېچىۋېتىدۇ.



1 ئېينشـــتېين 1879-يىلى گېرمانىيەدە بىر يەھۇدىي ئائىلىســـدە دۇنياغا كەلدى، دادىسى ئېلېكتر سايمانلىرى زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى ئىدى، ئانىسى بولسا سەنئەت ساھەسىدە يۇقىرى تەربىيە كۆرگەن ئايال ئىدى.




2 ئېينشتېين 3 ياشقا كىرگەندىمۇ تۈزۈك گەپ قىلالمىدى، ئاتا-ئانىسى بۇنىڭدىن سەل ئەنسىرەپ قالدى.




3 تۆت يىل جاپالىق ئۆگىنىش ئارقىلىق ،ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈردى. كېيىن بىرن پاتېنت ئىدارىسىگە كېلىپ خىزمەت قىلدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ماقالە ئېلان قىلىپ، ئىدارە باشلىقىنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى.



4 دەرھەقىقەت، ئېينشـــتېين كىچىك بولسىمۇ، دائىم مەسىلىلەرنى مۇئەــــەقىل ئويلايتتى. ئېينشتېين كىچىك ۋاقتىدىلا ئۆزىدە غايە تۇرغۇزۇپ، تەبىئەتنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش قارارىغا كەلگەن.




5 ھايۋانلارنى كۆرگەندە، ئېنىشتېيندا دائىم ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلار، نۇرغۇن يېڭى خىياللار پەيدا بولاتتى.




6 بىر كۈنى دادىسى ئۇنىڭغا بىر كومپاس بېرىدۇ.




7 ئېينشتېين كومپاسنى ئېلىپ، دەرھال دادىسىدىن سوئال سورايدۇ. دادىسى سوئالدىن تۇتۇلۇپ قېلىپ، دەماللىقا جاۋاب
بېرەلمەي ئىنتايىن ئوڭايسىزلىنىدۇ.




 ئۆيدە تاغىسى دائىم ئېينشتېينغا ماتېماتىكىدىكى بەزى قىزىقارلىق مەسىلىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى.




9 تاغىسى چىقىرىپ بەرگەن مەسىلىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئېينىشتىين تويتوغرا ئۈچ ھەپتە باش قاتۇردى.




10 مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، دائىم ئوقۇتقۇچىسىدىن نۇرغۇن سوئاللارنى سورايتتى، بەزىدە راستتىنلا ناھايىتى سەۋىيىلىك سوئاللارنى سورايتتى.




11 ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى دائىم سوئاللاردىن تۇتۇلۇپ قالغاچقا، ئاچچىقىدا ئېينىشتېيننى سىنىپ يېتەكچىسىگە چاقاتتى.




12 شۇ سەۋەبتىن ئېينشتېين مەكتەپتىن قوغلاندى، بۇنىڭدىن ئۇ ناھايىتى ئازابلاندى ھەم بىئارام بولدى.



13 ئۆزلۆكىدىن ئۆگىنىپ نەچچە يىلدىن كېيىن ئېينشتېين شۋېتسىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. مەكتەپتە ئۇ پۈتۈن زېھنىنى ئۆگىنىشكە قاراتتى. بولۇپمۇ، ئۇ — فىزىكا تەتقىقاتىغا مەستانە بولۇپ كەتتى، ھەتتا كېچە-كېچىلەپ فىزىكا تەجرىبىسى ئىشلەپ، ھەممىنى ئۇنتۇدى.




14 تۆت يىل جاپالىق ئۆگىنىش ئارقىلىق ،ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈردى. كېيىن بېرن پاتېنت ئىدارىسىگە كىلىپ خىزمەت قىلدى.
بۇ جەرياندا نۇرغۇن ماقالە ئېلان قىلىپ، ئىدارە باشلىقىنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى.




15 نەچچە يىلدىن كېيىن، بىر كۈنى ئەتىگىنى ئېينشتېين مۇزىكا چالغاچ دەپتەرگە بىر نەرسە يازغىلى تۇردى. ئايالى قىزىقىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى...




16 كېيىن، ئۇ قىرائەتخانىغا كىرىپ، خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى، ھەتتا تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.



17 ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ئېينىشتېيننىڭ «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» دۇنياغا كەلدى! فىزىكا ئىلمىدىكى بۇ قېتىملىق ئۇلۇغ ئىنقىلاب پۈتكۈل ئىلىم-پەن ساھەسىنى تەۋرەتتى. ئۇ ياراتقان «نىسبىيلىك نەزەرىيىسى» بىلەن «كۋانت مېخانىكىسى» يېقىنقى زامان فىزىكا ئىلمىنىڭ ئىككى چوڭ تۈۋرۈكىگە ئايلاندى، شۇ سەۋەبلىك ئېينىشتېين 1921-يىلدىكى نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.



18 بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئېينشتېيننىڭ تەتقىقاتى ئامالسىز توختاپ قالدى. گىتلېر گېرمانىيىدە تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئېينشتېين ئۇقۇشلۇق زىيانكەشلىك قىلىنىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بىراق ئۇ گېرمانىيە مىلىتارىستلىرى ۋە گىتلېر فاشىستلىرىنىڭ زوراۋانلىق سىياسىتىگە بولغان قارشىلىق پائالىيىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتمىدى.




19 فاشىستلارنىڭ توختىماي زىيانكەشلىك قىلىشى سەۋەبلىك، ئېينشتېين گېرمانىيىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلىدى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بۇ ئالىم ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. 1922-يىلى شاڭخەيگە كەلدى ۋە كىشىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.




20 نۇرغۇن ئىخلاسمەن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن ئۇگەنگەن بىلىملەرنى كارتىغا يېزىپ ئەستە ساقلاش كېرەكمۇ؟ دەپ سورىدى، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى كۆرسەتتى.




21 بەزى ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن قانداق قىلغاندا زور مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دەپ سورىدى، ئېينشتېين تۆۋەندىكى فورمۇلىنى يېزىپ بەردى ( مۇۋەپپەقىيەت = جاپاغا چىداپ تىرىشىش + توغرا ئۇسۇل +قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىش )



22 ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەشھۇر بىر فىزىكا ئالىمى ئېينىشتېينغا مۇنداق باھا بەرگەن: "ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى ياراتقان ئۇنى پەقەت كوپېرنىك، نيۇتونلار بىلەنلا سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ."

图书在版编目（CIP）数据

爱因斯坦：维吾尔文/随力等编；缪维等绘；卡哈尔·普拉提译. —北京：民族出社，2008.6
（托起明天的太阳. 世界杰出人物丛书）
ISBN 978-7-105-09376-2

Ⅰ.爱… Ⅱ.①随…②缪…③卡… Ⅲ.爱因斯坦，A.（1879~1955）—生平事迹—少年读物—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.K837.126.11-49

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第083675号

本书根据农村读物出版社2004年1月第1次印刷版本翻译出版

翻　　译：卡哈尔·普拉提
责任编辑
责任校对：多鲁洪·哈地尔
制　　作：沙塔尔·沙拉木

بۇ كىتاب جۇڭگو يېزا ئوقۇشلۇقلىرى نەشرىياتىنىڭ 2004- يىل 1- نەشرى 1- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى : قاھار پولات
مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كوررېكتور : دولقۇن قادىر
بەتچىك : ساتتار سالام

出版发行：民族出版社
社　　址：北京市东城区和平里北街14号
电　　话：010-64290862
邮　　编：100013
印　　刷：北京艺辉印刷有限公司
经　　销：各地新华书店
开　　本：889毫米×1194毫米 1/24 印张：1
版　　次：2008年6月第1版
　　　　　2008年6月第1次印刷
印　　数：0001—3000册
书　　号：ISBN 978-7-105-09376-2/K.1406（维38）
定　　价：5.00元

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013
تېلېفون نومۇرى : 010-64290862
باسقۇچى : بېيجىڭ يىخۇي باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
نەشرى : 2008يىل 6-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2008- يىل 6-ئايدا بېيجىڭدا 1- قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 889×1194 م م. 24 كەسلەم باسما تاۋىقى 1
سانى : 0001-3000
باھاسى : 5.00 يۈەن

翻　　译：卡哈尔·普拉提
责任编辑：多鲁洪·哈地尔
责任校对：多鲁洪·哈地尔




تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى ــ بىلىمدىنمۇ مۇھىم.
ـــــ ئېينشتېين









ISBN 978-7-105-09376-2
定价：5.00元